شىنجاڭ گېزىتى | مۇھىم خەۋەرلەر | 2 | 2019 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى شەنبە

# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ باش ىىدىرى، 2019 ـ يىللىق «يېڭىلىق يارىتىشچان ئىقتىساد مۇنبىرى»گە قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ۋەكىللىرى ۋە ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كېسىنگېر بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر پۈتۈن يەر شارى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشى ئاستىلاپ، تۆۋەنلەش خەترى زورىيىۋاتقانتا، قورۇقچىلىق باش كۆتۈرۈپ، كۆپ تەرەپچىلىك ۋە ئەركىن سودا كەسكىن خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، خەلقئارا جەمئىيەت خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ رولىدىن تېخىمۇ زور ئۈمىد كۈتمەكتە. سىزنىڭ رەھبەرلىكىڭىزدە، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ خەلقئارا پۇل ھەم ئۇنى تۈزەش سىستېمىسىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان بازار دۆلەتلىرى ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىنى ۋە سۆز ھوقۇقىنى ئۆستۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو تەرەپ ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشتەك يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قارىشىنى پائال تەشەببۇس قىلىدۇ، قورۇقچىلىققا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغدايدۇ. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ يەر شارىۋى سودا قارالمىسىدا داۋاملىق ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئادىل، ئوچۇق دۇنيا پۇل مۇئامىلە بازىرىنى قوغدىشىنى، خەلقئارا تەرتىپنىڭ تېخىمۇ ئادىل، مۇۋاپىق يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشتىكى دۆلەت ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يۇمشاق مۇھىتنى يۈكسەلدۈرۈش جەھەتتە ناھايىتى ياخشى ھەمكارلاشتى. جۇڭگو تەرەپ خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلىقنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى غايەت زور ئېلاستىكلىققا، يوشۇرۇن كۈچكە ۋە ئايلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە، ئىقتىسادنىڭ ئۇزاققىچە ياخشىلىنىشقا يۈزلىنىش ۋەزىيىتى ئۆزگەرمەيدۇ. جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئىلگىرى سۈرۈپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت ئېلىپ كېلىدۇ. مېنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىشەنچىم كامىل.

گېئورگىيېۋا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدى، كېلەر يىلى جۇڭگونىڭ ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ جۇڭگو ۋە پۈتكۈل دۇنيا ئۈچۈن ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئارقىلىق ئىقتىسادنىڭ سىجىل، كۈچلۈك ئېشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدە پۇل مۇئامىلە، كاپىتال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى ساھەلەردە داۋاملىق ئېچىۋېتىشنى ساقلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ھەم داۋاملىق كۈچ چىقىرىدۇ. نۆۋەتتە ئايرىم دۆلەتلەر سودا تالاش ـ تارتىشى قوزغىدى، دۇنيا ئىقتىسادى مۈشكۈل مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتى ئەركىن، ئېچىۋېتىلگەن سودىنى قوغداشنى قەتئىي قوللاپ، تىنچ سودا مۇناسىۋىتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرىدۇ، خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنى دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ ئىسلاھ قىلىپ، يېڭىدىن گۈللەنگەن ئىقتىسادىي گەۋدىلەرنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ تېخىمۇ ياخشى تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشنى خالايدۇ.

ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جېي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا 2019 ـ يىللىق «يېڭىلىق يارىتىشچان ئىقتىساد مۇنبىرى»گە قاتناشقان چەت ئەل تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭىلىق يارىتىش بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇھىم، زور تېما. دۇنيا 100 يىلدىن بۇيان كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپ ئىنقىلابى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ. ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئورتاق خىرىس ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇشىغا موھتاج. ھەرقانداق بىر دۆلەت مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىش مەركىزىگە ئايلىنالمايدۇ ياكى يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىسىدىن يالغۇز بەھرىمەن بولالمايدۇ. يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى پۈتۈن يەر شارىغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشى، تاغ ئۆڭكۈرگە كۆمۈپ قويغان بايلىققا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. جۇڭگو، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسى يېڭىلىق يارىتىش چوڭ دۆلەتلىرى، جۇڭگو ئامېرىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە دۇنيا خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو 5000 يىللىق مەدەنىيلىك تارىخىغا ئىگە چوڭ دۆلەت، تارىختا تۆت چوڭ كەشپىيات ئىلگىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىغا غايەت زور تۆھپە قوشقان. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن بۇيان، جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتكە ئايلاندى، لېكىن جۇڭگو خەلقى بوينىغا باش ئەگمىدى، بەلكى مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولى ئۈستىدە جاسارەت بىلەن ئىزدەندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگودا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىش بولدى، بۇنىڭدىكى تۈپ سەۋەب شۇكى، بىز جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان، دەۋر ئېقىمىغا ماسلاشقان، خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە، قوللىشىغا ئېرىشكەن توغرا يولنى تېپىپ چىقتۇق، بۇ بولسىمۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدۇر. بۈگۈن، جۇڭگو خەلقى يۈكسەك ئىشەنچكە تولدى، قەتئىي تەۋرەنمەي بۇ يولنى بويلاپ ماڭىدۇ. بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، لېكىن بۇ ئارزۇ ھەرگىزمۇ «زومىگەرلىك ئارزۇسى» ئەمەس. بىزنىڭ بىراۋنىڭ ئورنىنى بېسىشقا تەييارلىنىۋاتقىنىمىز يوق، پەقەت جۇڭگونىڭ تېگىشلىك ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە ئورنى ئەسلىگە كەلسىكەن دەيمىز. بىز شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردۇق، لېكىن بىز دۇنيادا تەكەببۇر قىياپەتكە كىرىۋالمايمىز، بەلكى «ئىناق ئۆتۈش ئەمما پەرقنى ساقلاپ قېلىش»تەك ئەنئەنىۋى ئىدىيەدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ، تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشقا كۈچەيمىز. جۇڭگو ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەم دادىل يېڭىلىق يارىتىدۇ، ھەم تاشنى سىلاپ دەريادىن ئۆتىدۇ، قانچە قارشىلىق كۈچكە دۇچ كەلگەنسېرى، شۇنچە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىلگىرىلەپ، ئېچىۋېتىشنى زورايتىدۇ. مېنىڭ جۇڭگونىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىشەنچىم كامىل.

ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كېسىنگېر، ئامېرىكىنىڭ سابىق مالىيە مىنىستىرى پائۇلسون، مىسىر ساياھەت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ماشات، ياپونىيەنىڭ سابىق دىپلوماتىيە ۋەزىرى چۈەنكوۋ شۈنزى، شۋېيتسارىيە كرېدىت گۇرۇھىنىڭ يەر شارى باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى تەن تيەنجۈڭ قاتارلىق چەت ئەل تەرەپ ۋەكىللىرى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلدى. ئۇلار جۇڭگونىڭ تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھەمدە دۇنيانىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىگە يۈكسەك باھا بەردى. ئۇلار مۇنداق قارىدى: نۆۋەتتە قورۇقچىلىق سودا سۈركىلىشى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، دۇنيا ۋەزىيىتى مۇقىمسىزلىققا تولدى. بۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشى يەر شارىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەرقايسى تەرەپلەر ھەرقايسى ساھەدىكى يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، «ئىقتىساد تۆمۈر پەردىسى»نىڭ كۆرۈلۈشىدىن پۈتۈن كۈچ بىلەن ساقلىنىشى كېرەك. كۆپچىلىك رەئىس شى جىنپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان «بىر بەلباغ، بىر يول» تەشەببۇسىنى ئالقىشلاپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا ئاكتىپ قاتنىشىشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

كۆرۈشۈشتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ چەت ئەل تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن كوللېكتىپ سۈرەتكە چۈشتى.

ليۇ خې، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

2019 ـ يىللىق «يېڭىلىق يارىتىشچان ئىقتىساد مۇنبىرى»دە «يېڭى ئىقتىساد، يېڭى كەلگۈسى» باش تېما قىلىنىپ، ئاساسلىق ساھەلەردە يېڭىلىق يارىتىش، تەرەققىيات يۈزلىنىشى، جەمئىيەت تەسىرى قاتارلىقلار چۆرىدىلىپ تەتقىقات ـ مۇھاكىمە قانات يايدۇرۇلدى، يەر شارىدىكى 60 نەچچە دۆلەتنىڭ 500دىن ئارتۇق سىياسىي، سودا ساھەسى ۋەكىلى قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر بەي جېي)** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى خەلق سارىيىدا ئامېرىكىنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى كېسىنگېر بىلەن كۆرۈشتى.

شى جىنپىڭ دوكتور كېسىنگېرنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇغ دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە بېغىشلىغان سەممىي مۇھەببىتى ۋە كۆرسەتكەن پائال تىرىشچانلىقىنى ئالقىشلىدى، ئۇ قوشقان مۇھىم تۆھپىنىڭ تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. ئۇنىڭ ساغلام بولۇپ، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈپ، داۋاملىق جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچىسى ۋە تۆھپىكارى بولۇشىنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەينى يىلى دوكتور چوڭقۇر تارىخىي نەزەر ۋە جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىگە بولغان چوڭقۇر چۈشەنچىسى بويىچە ئىككى دۆلەتنىڭ ئەينى چاغدىكى رەھبەرلىرى بىلەن بىرلىكتە، جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت دۆلەت ئەھۋالى ئوخشىمايدىغان بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى نورماللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولغانىدى، بۇ ئىجادىيەت ھازىرغىچە يەنىلا جۇڭگو بىلەن ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ۋە دۇنياغا مۇھىم تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتى ھالقىلىق پەيتتە تۇرۇۋاتقان، بەزى قىيىنچىلىق ۋە خىرىسلارغا دۇچ كەلمەكتە. جۇڭگو ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى «ئىناق ئۆتۈش ئەمما پەرقنى ساقلاپ قېلىش»قا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئاساسنى تۇتۇپ باشقا ئىشلارغا يول ئېچىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك مەسىلىلەردە ئالاقىنى كۈچەيتىپ، خاتا چۈشىنىشتىن، خاتا ھۆكۈم قىلىشتىن ساقلىنىپ، ئۆزئارا چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. ئىككى تەرەپ ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، پەرقنى ساقلاپ قېلىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىپ، جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

كېسىنگېر مۇنۇلارنى بىلدۈردى: مەن ئۆتكەن 50 يىلدا جۇڭگودا يۈز قېتىمغا يېقىن زىيارەتتە بولۇپ، جۇڭگودا بولغان ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنلىكىمدىن ئىنتايىن شەرەپ ھېس قىلىمەن. 50 يىلدىن بۇيان، ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە ئېگىز ـ پەس داۋالغۇشلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي يۆنىلىشى باشتىن ـ ئاخىر ئالغا ئىلگىرىلەش بولدى. ھازىر دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئۆزگىرىش بولدى، ئامېرىكا ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ مۇھىملىقى تېخىمۇ گەۋدىلەندى. ئىككى تەرەپ ئىستراتېگىيەلىك ئالاقىنى كۈچەيتىپ، ئىختىلاپلارنى مۇۋاپىق ھەل قىلىش چارىسىنى تىرىشىپ تېپىپ چىقىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇشى كېرەك، بۇ، ئىككى دۆلەت ۋە دۇنيا ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى قاتارلىقلار كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونىمىز بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى

## بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ياخشىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىز بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئاچتى، يىغىندا نۆۋەتتىكى پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە كۆمۈر كانلىرىنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە ھەرقايسى كەسىپ، ساھەلەردىكى ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش خىزمىتىگە قارىتا قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، قايتا تەلەپ قويۇلۇپ، قايتا يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەرنىڭ قەتئىي ئالدى ئېلىنىپ ۋە توسۇلۇپ، مۇھىم، زور بىخەتەرلىك خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ قەتئىي ئالدى ئېلىنىپ، تۈگىتىلىپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل، مۇقىم ياخشىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «قارار»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئىقتىدارىغا تېخىمۇ ياخشى ئايلاندۇرۇپ، مۇھىم، زور بىخەتەرلىك ئىشلەپچىقىرىش خەۋپ ـ خەتىرى، خىرىسىغا ياخشى تاقابىل تۇرۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلار تېخىمۇ مول قاراتمىلىققا ئىگە تەدبىر ـ چارىلەر ئارقىلىق يىل ئاخىرىدىكى بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كۆمۈر كان، كۆمۈر كانىدىن باشقا كانلار، خەتەرلىك خىمىيەلىك بۇيۇملار، ئوت مۇداپىئە، سانائەت ـ سودا قاتارلىق نۇقتىلىق كەسىپ، ساھەلەر ۋە ھادىسە كۆپ يۈز بېرىدىغان رايونلارنى چىڭ كۆزلەپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى دەل تۇتۇپ، دەل جايىدا ئىجرا قىلىش ۋە ئومۇمىي ئوقتۇرۇش قىلىش، چاقىرتىپ سۆھبەتلىشىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، كارخانىلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى، يەرلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتى، تارماقلارنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. كۆمۈر كانلاردا «سالامەتلىك تەكشۈرۈش» شەكلىدىكى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشنى سىجىل قانات يايدۇرۇپ، كۆمۈر كانىدىن باشقا كانلار ۋە قالدۇق قېزىلما ئامبىرى مەخسۇس قانۇن ئىجراسىنى كۈچەيتىپ، خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇملار «خەتەرنى تۈگىتىپ، ئاپەتنى يوقىتىش» مەخسۇس ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئوت مۇداپىئە بىخەتەرلىكىنى تەكشۈرۈش، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكى، پائالىيەت بىخەتەرلىكى، خادىملار بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جاۋ چىلى يىغىنغا قاتناشتى.

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرايلى

ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگتۈەنگە، ئاممىۋى تەشكىلاتلاردا لېكسىيە سۆزلىدى

## ئومۇمىي يىغىن روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك

مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە سۆزلەش ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگتۈەنگە، ئاپتونوم رايونلۇق باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى، ئاياللار بىرلەشمىسى، پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى، مېيىپلەر بىرلەشمىسىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلەش دوكلاتى بەردى.

سارقىت ئاقان «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇش» «دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ روشەن ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىگە ئىشەنچنى چىڭىتىش» قاتارلىق جەھەتلەردە دوكلات بېرىپ، ئومۇمىي يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار مۇھىم نەزەرىيىۋى قاراش ۋە مۇھىم، زور ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى سىستېمىلىق چۈشەندۈردى.

سارقىت ئاقان مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى نۆۋەتتىكى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ، ياخشى تەشۋىق قىلىپ، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ «پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلىدىغان، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلىدىغان» نەمۇنىلىك ئورگان بەرپا قىلىش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ خىل شەكىلدىكى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، تەربىيەلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر كىرگۈزۈش، ئاممىغا يەتكۈزۈشكە پۇختا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تۈزۈم ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈزۈمنى ئىجرا قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، تۈزۈم ئىجراسىنى نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي يىغىندا بېكىتىلگەن تۈرلۈك نىشان ـ ۋەزىپىلەرنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ھەرقايسى دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ جۇڭگوغا كېلىپ يېڭى ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەنلىكىنى قارشى ئالدى، ئۇلارغا ھەرقايسى ئالاقىدار دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە خەلقىگە يوللىغان سەممىي سالىمىنى ۋە ياخشى تىلەكنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ھاۋالە قىلدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو ھۆكۈمىتى ھەرقايسى دۆلەت ئەلچىلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ ۋە ئۇنى قوللايدۇ، ئەلچىلەرنىڭ جۇڭگونىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بولغان دوستلۇقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن پائال تۆھپە قوشۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ.

ئەلچىلەر ئۆز دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ شى جىنپىڭغا يوللىغان سەممىي سالىمىنى يەتكۈزدى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەمدە جۇڭگونىڭ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە جارى قىلدۇرغان پائال ۋە ئىجادىي رولىغا يۈكسەك باھا بەردى. ئۇلار مۇنداق بىلدۈردى: ھەرقايسى دۆلەتلەر جۇڭگو بىلەن بولغان ئالاقە، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىشنى خالايدۇ. ئۇلار جۇڭگوغا ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىدىن چوڭقۇر شەرەپ ھېس قىلدى، ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ئىككى تەرەپلىك مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىدۇ.

ۋاڭ يى يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.